# ئاللاھ تائالانىڭ :«سىلەر بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار» دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: شېرىك قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاشنىڭ ئۈستىدە قارا چۆمۈلىنىڭ ئۆمۈلىگىنىدىنمۇ مەخپىيدۇر

ئاللاھ تائالانىڭ: «سىلەر بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار» دېگەن ئايىتى توغرىسىدا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: شېرىك دېگەن: قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاشنىڭ ئۈستىدە قارا چۆمۈلىنىڭ ئۆمۈلىگىنىدىنمۇ مەخپىيدۇر، بۇ بىر ئادەمنىڭ: ئى پالانچى! ئاللاھ بىلەن ۋە سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەم، مۇشۇ ئىت بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە ئوغرى كىلەتتى، ھويلىمىزدا ئۆردەك بولمىغان بولسا ئوغرى كىرەتتى، دېگەندەك، يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھەمراھىغا: ئاللاھ خالىسا ۋە سەن خالىساڭ دېيىشى، يەنە بىر ئادەمنىڭ: ئاللاھ ۋە پالانى بولمىسا ئۇ يەردە پالانى ئىشنى قىلمىغىن دېگىنىگە ئوخشاش مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شېرىكتۇر

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ئەبى ھاتىم"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تائالا: «سىلەر بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار» دەپ، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ شېرىكلەر ئاجىز-بىچارە بولۇپ ھېچ ئىشقا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھقا ئوخشاش ئىلاھلارنى تۇتۇپ، ئۆزىگە قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى ئۇلارغا قىلىشتىن چەكلىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېرىكلەرنى تونۇشتۇرۇپ: شېرىك قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاشنىڭ ئۈستىدە قارا چۈمۈلىنىڭ ئۆمۈلىگىنىدىنمۇ مەخپىيدۇر دەپ مىسالىلىرىنى بايان قىلدى، ئۇ: ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىش، ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا بولغىنى ئۇ نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىش، سىنىڭ: «ئاللاھ بىلەن ۋە ھاياتىم بىلەن قەسەم» دېگىنىڭ، ياكى سەۋەب قىلغۇچىغا قارىماي سەۋەبكە قارىغىنىڭ، ئىشنى ئاللاھقا قايتۇرماي: «مۇشۇ كۈچۈك بولمىغان بولسا ئوغرى كىرەتتى»، «ھويلىمىزدا بىزنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ئۆردەك بولمىغان بولسا يات ئادەم كىرىپ ئوغرىلىق قىلاتتى» دېگىنىڭ، بىرسىنىڭ ھەمراھىغا: «ئاللاھ خالىسا ۋە سەن خالىساڭ» دېيىشى، بىرىنىڭ: «ئاللاھ ۋە پالانى بولمىسا» دېيىشى شېرىكتۇر، «ئۇنىڭدا پالانى دىگەن گەپنى قاتمىغىن!» دېدى، ئاخىرىدا: ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كىچىك شېرىكتۇر، ئەگەر ئۇ سۆزنى ئېيتقۇچى ئىشقا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئاللاھ ئەمەس بەلكى ئادەم ياكى ئۆردەك ياكى كۈچۈك دەپ قالسا ئۇ چوڭ شېرىك بولىدۇ دەپ تەكىتلىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3334